# شىنجاڭغا ئالاقىدار مەسىلە توغرىسىدىكى يالغان - ياۋىداق سۆزلەر بىلەن پاكىت، ھەقىقىي ئەھۋاللار

(بېشى 6 - بەتتە)

◆ مىللەتلەرنىڭ مۇنەۋۋەر ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىگە ۋارىسلىق قىلىندى. ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ «مەشرەپ»، قازاق مىللىتىنىڭ «ئايتىس»، قىرغىز مىللىتىنىڭ «قومۇز ئېيتىشىشى»، موڭغۇل مىللىتىنىڭ «نادام يىغىلىشى»، شىبە مىللىتىنىڭ «غەربكە كۆچۈش بايرىمى»، خەنزۇ مىللىتىنىڭ «يۈەنشياۋ پانۇس بايرىمى» قاتارلىق مىللىي ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت - سەنئەت پائالىيەتلىرى كەڭ قانات يايدۇرۇلدى. دەۋرنىڭ غايەت زور ئۆزگىرىشلىرىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان قويۇق مىللىي ئالاھىدىلىك، رايون ئالاھىدىلىكىگە ئىگە بىر تۈركۈم مۇنەۋۋەر تىياتىرلار، مەسىلەن، ئۇيغۇر تىياتىرى «غېرىپ - سەنەم»، قازاق مىللىتىنىڭ «ئايتىس»، قىرغىز مىللىتى «ماناسچى»لىرى ئېيتقان «ماناس» قاتارلىقلار ئارقا - ئارقىدىن سەنئەت سەھنىسىگە ئېلىپ چىقىلدى.

◆ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ يېمەك - ئىچمەك، ھېيت - بايرام، توي - تۆكۈن، دەپنە قىلىش قاتارلىق جەھەتلەردىكى ئۆرپ - ئادەتلىرىگە تولۇق كاپالەتلىك قىلدى. شىنجاڭدىكى چوڭ، ئوتتۇرا شەھەرلەر ۋە مۇسۇلمان ئاھالە بار كىچىك شەھەر - بازارلاردا بەلگىلىك ساندىكى مۇسۇلمانچە ئاشخانىلار ساقلاپ قېلىندى؛ قاتناش مۇھىم يولدا ھەممە ئاز سانلىق مىللەت ئىشچى - خىزمەتچى بار ئورۇنلاردا «مۇسۇلمانچە ئاشخانا» ياكى «مۇسۇلمانچە قازان» تەسىس قىلىندى؛ مۇسۇلمان ئاھالە تەمىنلىنىدىغان قوي، كالا گۆشى ئۇلارنىڭ ئۆرپ - ئادىتى بويىچە سويۇپ بىر تەرەپ قىلىندى، زاپاس ساقلاپ توشۇلدى، سېتىلدى. ھەرقايسى ئاز سانلىق مىللەتلەر ئۆزلىرىنىڭ ئەنئەنىۋى بايرىمى، مەسىلەن، «قۇربان ھېيت» ۋە «روزا ھېيت» مەزگىلىدە ھەممەيلەن قانۇندا بەلگىلەنگەن بايراملىق دەم ئېلىشتىن بەھرىمەن بولدى.

◆ نۆۋەتتە، شىنجاڭدىكى ھەرقايسى مىللەتلەر ئاساسلىقى ئون خىل تىل ۋە يېزىقنى قوللىنىدۇ. ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ تىل - يېزىقى ئەدلىيە، مەمۇرىيەت، مائارىپ، ئاخبارات - نەشرىيات، رادىيو - تېلېۋىزىيە، ئالاقە تورى قاتارلىق ئاممىۋى ئىشلار ساھەسىدە كەڭ قوللىنىلىدۇ. شىنجاڭ خەلق رادىيو ئىستانسىسىنىڭ ھازىر خەنزۇچە، ئۇيغۇرچە، قازاقچە، موڭغۇلچە، قىرغىزچىدىن ئىبارەت بەش خىل تىلدىكى 12 يۈرۈش رادىيو پروگراممىسى بار. شىنجاڭدىكى ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەر ئۇيغۇر تىلى، قازاق تىلى، قىرغىز تىلى، موڭغۇل تىلى، شىبە تىلى قاتارلىق كۆپلىگەن ئاز سانلىق مىللەت تىل - يېزىقى دەرسلىكىنى كەڭ دائىرىدە تەسىس قىلدى. جۇڭگو خەلق پۇلىنىڭ قەغەز پۇلىغا خەنزۇچە، زاڭزۇچە، ئۇيغۇرچە، موڭغۇلچە ۋە جۇاڭزۇچىدىن ئىبارەت جەمئىي بەش خىل يېزىق بېسىلغان.

**يالغان - ياۋىداق سۆز 12:** شىنجاڭدىكى بىر قىسىم رايونلار ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ قەبرىستانلىقىنى ۋەيران قىلدى.

**پاكىت، ھەقىقىي ئەھۋال:**

◆ شىنجاڭ ئەزەلدىن ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ دەپنە قىلىش ئۆرپ - ئادەتلىرىگە تولۇق ھۆرمەت قىلىپ، بىر قاتار تۈزۈم ۋە سىياسەتلەرنى تۈزۈپ، ئاز سانلىق مىللەت ئاممىسىنىڭ دەپنە قىلىش ئاساسىي ھوقۇق - مەنپەئىتىگە كاپالەتلىك قىلدى. مەخسۇس يەر ئاجرىتىش، مەخسۇس قەبرىستانلىق قۇرۇپ بېرىش قاتارلىق تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، تۇپراققا دەپنە قىلىش ئۆرپ - ئادىتى بار ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ دەپنە قىلىش ئېھتىياجىنى قاندۇردى، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئەنئەنىۋى دەپنە قىلىش ئادەتلىرىدىن «نامىزىنى چۈشۈرۈش، دەپنە قىلىش، نەزىر ئۆتكۈزۈش» قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ساقلاپ قېلىندى.

◆ شىنجاڭنىڭ ئىقتىساد، جەمئىيىتىنىڭ تەرەققىي قىلىشى ۋە خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيەسىنىڭ ئۆسۈشىگە ئەگىشىپ، ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەر ئاممىۋى مەنپەئەت خاراكتېرلىك قەبرىستانلىقنى پىلانلاش، قۇرۇش سالمىقىنى زورايتىپ، ھەرقايسى مىللەتلەر قەبرىستانلىقىنىڭ ئەسلىھەلىرىنى ئۈزلۈكسىز مۇكەممەللەشتۈردى، مۇھىت شارائىتىنى ئۈزلۈكسىز ياخشىلىدى، ئايرىم جايلاردا ھەر مىللەت ئاممىسى ئۆزلۈكىدىن، ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن قەبرىنى كۆچۈرگەن ئەھۋال بولدى.

**يالغان - ياۋىداق سۆز 13:** جۇڭگو ھۆكۈمىتى شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەت بالىلىرىنى ياتاقلىق تۈزۈمدىكى مەكتەپلەرگە ئاپىرىپ، ئۇلارنى ئاتا - ئانىلىرىدىن ئايرىلىشقا «مەجبۇرلىدى».

**پاكىت، ھەقىقىي ئەھۋال:**

◆ «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ مەجبۇرىيەت مائارىپى قانۇنى»دا مۇنداق بەلگىلەنگەن: «ناھىيە دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى ئېھتىياجغا ئاساسەن ياتاقلىق تۈزۈمدىكى مەكتەپ تەسىس قىلىپ، تارقاق ئولتۇراقلاشقان ئوقۇش يېشىدىكى بالىلار، ئۆسمۈرلەرنىڭ مەكتەپكە كىرىپ مەجبۇرىيەت مائارىپىنى قوبۇل قىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىدۇ». شىنجاڭنىڭ يېرى كەڭ، كەنت - بازارلارنىڭ ئارىلىقى بىر قەدەر يىراق بولۇپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ مەكتەپكە بېرىشى ناھايىتى قولايسىز، ئوقۇش سۈپىتىگە كاپالەتلىك قىلىش قىيىن، ئاتا - ئانىلارنىڭ بالىلىرىنى مەكتەپكە ئاپىرىش - ئەكېلىش يۈكى ناھايىتى ئېغىر. بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، ئالدىنقى ئەسىرنىڭ 80 - يىللىرىدىلا، شىنجاڭ ياتاقلىق تۈزۈمدىكى ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپتىن 400نى قۇرغان. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى پۈتۈن مەملىكەتكە ئوخشاش، دۆلەتنىڭ تەلىپى بويىچە ياتاقلىق تۈزۈمدىكى مەكتەپ قۇرۇلۇشىنى ئىلمىي پىلانلاپ، مۇۋاپىق تەسىس قىلىپ، دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ ئالاقىدار قۇرۇلۇش ئۆلچىمىگە قاتتىق رىئايە قىلىپ، تۈرلۈك ئوقۇش، تۇرمۇش ئەسلىھە - ئۈسكۈنىلىرىنى تولۇق سەپلىدى. ئەمەلىيەت شۇنى ئىسپاتلىدىكى، ياتاقلىق تۈزۈمدىكى مائارىپنى قانات يايدۇرۇش شىنجاڭنىڭ مائارىپنى زامانىۋىلاشتۇرۇشنى تېزلىتىش، نامراتلىقتىن ئەل جايىدا قۇتۇلدۇرۇشقا كۈچ قوشۇشتىكى كۈچلۈك تەدبىرگە ئايلىنىپ، ھەر مىللەت ئوقۇغۇچىلار، ئاتا - ئانىلارنىڭ پائال ھىمايە قىلىشىغا ئېرىشتى.

◆ شىنجاڭنىڭ ياتاقلىق تۈزۈمدىكى مەكتەپ قۇرۇلۇشى شىنجاڭنىڭ ئاپتونوم رايوننىڭ ئەمەلىيىتىنى چىقىش قىلىپ قوللانغان مائارىپ ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش، مەجبۇرىيەت مائارىپىنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈشنى مەقسەت قىلغان بىر تۈرلۈك ئورۇنلاشتۇرۇشى بولۇپ، بۇ، ئاز سانلىق مىللەت ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلىرىنىڭ مائارىپىنى زامانىۋىلاشتۇرۇش سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈپ، شىنجاڭدىكى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئالاقىلىشىشى، ئالماشتۇرۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە پايدىلىق. شىنجاڭنىڭ ياتاقلىق تۈزۈمدىكى مەكتەپ قۇرۇش ئۇسۇلىنىڭ جۇڭگودىكى باشقا رايونلارنىڭ، دۇنيادىكى باشقا دۆلەتلەرنىڭ مۇشۇ تۈردىكى مەكتەپلەرنى قۇرۇشى بىلەن ماھىيەت جەھەتتىن ئوخشىمايدىغان يېرى يوق.

**يالغان - ياۋىداق سۆز 14:** شىنجاڭدىكى مەكتەپلەر خەنزۇ تىلىنى مىللىي تىلنىڭ ئورنىغا دەسسىتىپ، ئۇلارنىڭ «كاللىسىنى يۇيدى». شىنجاڭ ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئۆز مىللىتى تىلىنى ئىشلىتىشىنى مەنئى قىلدى، ئۇيغۇر تىلىدىكى مەكتەپلەرنى تاقىدى.

**پاكىت، ھەقىقىي ئەھۋال:**

◆ «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئاساسىي قانۇنى» «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ دۆلەت ئورتاق تىل - يېزىق قانۇنى»دا مۇنداق بەلگىلەنگەن: پۇقرالارنىڭ دۆلەت ئورتاق تىل - يېزىقنى ئۆگىنىش ۋە قوللىنىش ھوقۇق - مەنپەئىتى بار، دۆلەت پۇقرالارنىڭ دۆلەت ئورتاق تىل - يېزىقنى ئۆگىنىشى ۋە قوللىنىشىغا شارائىت يارىتىپ بېرىدۇ. شىنجاڭ دۆلەت ئورتاق تىل - يېزىق مائارىپىنى ئالغا سىلجىتىش بىلەن بىللە، دۆلەتنىڭ ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ دەرسلىكلىرىنى تەسىس قىلىش لايىھەسىنىڭ تەلىپى بويىچە، ئاز سانلىق مىللەتلەر تىل - يېزىقى دەرسىنى تەسىس قىلىپ، ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئۆز مىللىتىنىڭ تىل - يېزىقىنى ئۆگىنىش ھوقۇق - مەنپەئىتىگە تولۇق كاپالەتلىك قىلىپ، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ تىل مەدەنىيىتىگە ۋارىسلىق قىلىش ۋە ئۇنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنى ئۈنۈملۈك ئىلگىرى سۈردى.

◆ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى يەتتە خىل تىلنى قوللىنىپ ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ مائارىپىنى قانات يايدۇردى. نۆۋەتتە، شىنجاڭ ئوقۇش يېشىغا يەتمىگەن بالىلار مائارىپى ۋە ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەردە دۆلەت ئورتاق تىل - يېزىقى ئوقۇتۇشىغا شۇ مىللەتنىڭ تىل - يېزىقى قوشۇپ ئۆتۈلىدىغان قوش تىل مائارىپىنى ئومۇميۈزلۈك ئومۇملاشتۇردى. دۆلەت ئورتاق تىل - يېزىقنى ئۆگەنگەن، قوللانغاندا، ھازىرقى زامان جەمئىيىتىگە تېخىمۇ ياخشى سىڭىشكىلى ۋە ماسلاشقىلى بولىدۇ، مەيلى ئوقۇش، خىزمەت تېپىش بولسۇن ياكى پىكىر ئالماشتۇرۇش، سۆزلىشىش، تىجارەت - سودا، ئىشلەمچىلىك قىلىش بولسۇن، ھەممىسىگە تېخىمۇ كۆپ قولايلىق ئېلىپ كېلىدۇ.

**يالغان - ياۋىداق سۆز 15:** شىنجاڭ تېرورىزمغا زەربە بېرىشنى باھانە قىلىپ ئاز سانلىق مىللەتلەرنى باستۇردى.

**پاكىت، ھەقىقىي ئەھۋال:**

◆ تولۇقسىز ئىستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا، 1990 - يىلدىن 2016 - يىلنىڭ ئاخىرىغىچە، مىللىي بۆلگۈنچى كۈچلەر، دىنىي ئەسەبىي كۈچلەر، زوراۋان - تېرورچى كۈچلەر شىنجاڭدا نەچچە مىڭ قېتىملىق زوراۋانلىق، تېرورلۇق دېلو(ۋەقە)سىنى پىلانلاپ سادىر قىلىپ، نۇرغۇن بىگۇناھ ئاممىنىڭ زىيانكەشلىككە ئۇچرىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى، نەچچە يۈز جامائەت خەۋپسىزلىكى خەلق ساقچىسى خىزمەت ئۈستىدە قۇربان بولدى، مال - مۈلۈك زىيىنى مۆلچەرلىگۈسىز بولۇپ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلققە ئېغىر ئاپەت ئېلىپ كەلدى.

◆ كەسكىن، مۇرەككەپ تېرورلۇققا قارشى تۇرۇش ۋەزىيىتى ۋە ھەر مىللەت ئاممىنىڭ زوراۋانلىق، تېرورلۇق جىنايىتىگە زەربە بېرىشكە، ھاياتى، مال - مۈلۈك بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىشقا بولغان تەخىرسىز تەلىپى ئالدىدا، جۇڭگو شىنجاڭ «بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ يەر شارىۋى تېرورلۇققا قارشى تۇرۇش ئىستراتېگىيەسى» قاتارلىق بىر قاتار تېرورلۇققا قارشى تۇرۇش ھۆججەتلىرىگە ئاكتىپ ئاۋاز قوشۇپ، دۆلەتنىڭ تېرورلۇققا قارشى تۇرۇش قانۇنى ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ ئالاقىدار قانۇن - نىزاملىرىغا ئاساسەن، مۇئەييەن رايون، مىللەت، دىن بىلەن چېتىۋالماسلىقتا چىڭ تۇرۇپ، پۇقرالارنىڭ كىشىلىك ھوقۇقىغا دەخلى - تەرۇز قىلىدىغان، ئاممىۋى بىخەتەرلىككە خەۋپ يەتكۈزىدىغان، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغان، دۆلەتنى پارچىلايدىغان زوراۋانلىق، تېرورلۇق پائالىيەتلىرىگە قاتتىق زەربە بەردى. 2014 - يىلدىن بۇيان، جەمئىي 1588 زوراۋان - تېرورچىلار شايكىسى بىتچىت قىلىنىپ، 12 مىڭ 995 زوراۋان - تېرورچى تۇتۇلۇپ، 2052 دانە پارتلىتىش قۇرۇلمىسى قولغا چۈشۈرۈلۈپ، ئەسەبىزمنىڭ سىڭىپ كىرىشى ئۈنۈملۈك توسۇلۇپ، جەمئىيەت ئامانلىقى ئەھۋالى كۆرۈنەرلىك ياخشىلىنىپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ھاياتلىق ھوقۇقى، ساغلاملىق ھوقۇقى، تەرەققىي قىلىش ھوقۇقى قاتارلىق ئاساسىي ھوقۇق - مەنپەئىتى ئەڭ زور چەكتە كاپالەتلەندۈرۈلدى، شىنجاڭدا ئۆتكەن ئۈچ يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت زوراۋانلىق، تېرورلۇق دېلوسى يۈز بەرمىدى.

**يالغان - ياۋىداق سۆز 16:** شىنجاڭ «ئەل رايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» تەدبىرىنى، «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىشىپ بىر ئائىلە كىشىلىرىدەك بولۇش» ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بىرلەشمە دوستلۇق پائالىيىتى قاتارلىق پائالىيەتلەرنى ئۇيغۇر ئائىلىلىرىگە ئارىلىشىش ھەم ئۇلارنى كۆزىتىپ نازارەت قىلىش ئۈچۈن يولغا قويغان.

**پاكىت، ھەقىقىي ئەھۋال:**

◆ 2016 - يىلدىن بۇيان، شىنجاڭ ھەر مىللەت كادىرلار، ئامما ئارىسىدا «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىشىپ بىر ئائىلە كىشىلىرىدەك بولۇش» ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بىرلەشمە دوستلۇق پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى، 1 مىليون 100 مىڭدىن ئارتۇق ھەر مىللەت كادىر، ئىشچى - خىزمەتچى 1 مىليون 600 مىڭدىن ئارتۇق ھەر مىللەت ئامما بىلەن قوشماقلاشتى، دوستلاشتى، تۇغقانلاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە ھەم خەنزۇ كادىرلار ئۇيغۇر مىللىتىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئاز سانلىق مىللەت ئاممىسى بىلەن قوشماقلىشىپ تۇغقانلاشتى، ھەم ئۇيغۇر كادىرلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىمۇ خەنزۇ ئامما بىلەن قوشماقلىشىپ تۇغقانلاشتى.

◆ ھەر مىللەت كادىرلار، ئامما ئالاقىلەشتى، ئالماشتۇردى، يۇغۇرۇلدى، ئۆزئارا ھۆرمەت قىلىپ، ئۆزئارا ياردەم قىلدى، كەڭ كادىر، ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئۆز ئارتۇقچىلىقى، ئەۋزەللىكىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، ئاساسىي قاتلامدىكى ئاممىنى بېيىش يولىنى كېڭەيتىشكە پائال يېتەكلەپ، ئۇلارنىڭ داۋالىنىش، ئىشقا ئورۇنلىشىش، ئوقۇش قاتارلىق ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇشتىكى ئەمەلىي قىيىنچىلىقلىرىنى ھەل قىلىشقا ياردەم بېرىپ، خەلقنىڭ كۆڭلىگە ياقىدىغان، خەلق رايىغا ئۇيغۇنلىشىدىغان نۇرغۇن ياخشى ئىش، ئەمەلىي ئىشلارنى قىلدى. ئىستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا، «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىشىپ بىر ئائىلە كىشىلىرىدەك بولۇش» ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بىرلەشمە دوستلۇق پائالىيىتىگە قاتناشقان كادىر، ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئاساسىي قاتلامدىكى ئاممىغا 940 مىليون يۈەن پۇل ئىئانە قىلغان، 49 مىليون 210 مىڭ بۇيۇم ئىئانە قىلغان، 18 مىليون 30 مىڭ ياخشى ئىش، ئەمەلىي ئىش قىلىپ بەرگەن.

**يالغان - ياۋىداق سۆز 17:** شىنجاڭ ھەممىلا يەردە بار بولغان تېلېكامېرا، يان تېلېفونAPPسى، ئالاقە تورى ئۇنىۋېرسال ئۇچۇرى قاتارلىق يۇقىرى تېخنىكىلىق ۋاسىتىلەر ئارقىلىق ئۇيغۇر مۇسۇلمانلارنى نازارەت قىلىپ كۆزەتتى.

**پاكىت، ھەقىقىي ئەھۋال:**

◆ شىنجاڭنىڭ قانۇن بويىچە شەھەر - يېزىلارنىڭ ئاممىۋى رايونى، ئاساسلىق يول، قاتناش تۈگۈنى قاتارلىق ئاممىۋى سورۇنلاردا تېلېكامېرا ئورنىتىشتىكى مەقسىتى جەمئىيەت ئىدارە قىلىش سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈش، جىنايەتنىڭ ئۈنۈملۈك ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنىڭغا زەربە بېرىش بولۇپ، بۇ تەدبىرلەر جەمئىيەتنىڭ بىخەتەرلىك تۈيغۇسىنى ئاشۇرۇپ، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ئومۇميۈزلۈك قوللىشىغا ئېرىشتى. ئالاقىدار تەدبىرلەر مۇئەييەن مىللەتكە قارىتىلغان ئەمەس.

◆ ھازىرقى زامان پەن - تېخنىكا مەھسۇلاتلىرى ۋە چوڭ سانلىق مەلۇمات ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، جەمئىيەت ئىدارە قىلىش سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈش خەلقئارا جەمئىيەتتە ئومۇميۈزلۈك ئىشلىتىلىۋاتقان ئۇسۇل. «نەنخۇا سەھەر گېزىتى»نىڭ خەۋەرىگە ئاساسلانغاندا، ئەڭ يېڭى تەتقىقاتتا بايقىلىشىچە، نازارەت قىلىدىغان تېلېكامېرالار سانى جەھەتتە پۈتۈن يەر شارىدا ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدىغان ئون دۆلەت ئەنگلىيە، گېرمانىيە، فرانسىيە، گوللاندىيە قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىكەن.

**يالغان - ياۋىداق سۆز 18:** جۇڭگونىڭ چەت ئەلدە تۇرۇشلۇق ئەلچىخانا - كونسۇلخانىلىرى چەت ئەلدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ پاسپورتىنى ئالماشتۇرۇپ بەرمەي، ئۇلارنى دۆلەتكە قايتىپ قانۇندىن سىرت توختىتىپ قويۇش ياكى قاماشنى قوبۇل قىلىشقا مەجبۇر قىلدى.

**پاكىت، ھەقىقىي ئەھۋال:**

◆ جۇڭگو پۇقرالىرىنىڭ جىسمانىي ئەركىنلىكى ۋە چېگرادىن كىرىش - چىقىش ھوقۇق - مەنپەئىتى قانۇن بويىچە قوغدىلىدۇ. پەقەت جۇڭگو تەۋەلىكىدىكى پۇقرا بولسا، ھەم ئۆزىنىڭ جۇڭگو پۇقراسى ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلسا، جۇڭگونىڭ قانۇن - نىزاملىرىغا خىلاپلىق قىلمىغان بولسا، بىردەك تۇرۇشلۇق جايىدىكى جۇڭگو ئەلچىخانىسى - كونسۇلخانىسىغا پاسپورتنى ئالماشتۇرۇپ بېرىش ياكى تولۇقلاپ بېرىشنى ئىلتىماس قىلسا بولىدۇ.

◆ جۇڭگونىڭ چەت ئەلدە تۇرۇشلۇق ئەلچىخانا - كونسۇلخانىلىرى «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ چېگرادىن كىرىش - چىقىشنى باشقۇرۇش قانۇنى» «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ پاسپورت قانۇنى» قاتارلىق قانۇن - نىزاملار بويىچە ئالاقىدار كەسپلەرنى بېجىرىپ، ھەرقايسى مىللەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان چەت ئەلدىكى خۇاچياۋ، خۇاربىنلارنىڭ قانۇنلۇق ھوقۇق - مەنپەئىتىنى قانۇن بويىچە كاپالەتلەندۈرىدۇ. جۇڭگونىڭ چەت ئەلدە تۇرۇشلۇق ئەلچىخانا - كونسۇلخانىلىرىغا پاسپورت ئالماشتۇرۇپ بېرىش ياكى تولۇقلاپ بېرىشنى ئىلتىماس قىلغان جۇڭگو شىنجاڭلىق كىشىلەردىن تەكشۈرۈپ تەستىقلاش ئارقىلىق ئالاقىدار قانۇنلارغا ئۇيغۇن بولغانلىرىنىڭ ئىلتىماسى قوبۇل قىلىندى ھەم تەستىقلاندى.

**يالغان - ياۋىداق سۆز 19:** جۇڭگو ھۆكۈمىتى چەت ئەللىك مۇخبىرلارنىڭ شىنجاڭغا بېرىپ زىيارەت قىلىشىغا رۇخسەت قىلمىدى.

**پاكىت، ھەقىقىي ئەھۋال:**

◆ شىنجاڭ ئېچىۋېتىلگەن رايونغا تەۋە، «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ چەت ئەلنىڭ دائىمىي تۇرۇشلۇق ئاخبارات ئاپپاراتلىرى ۋە چەت ئەل مۇخبىرلىرىنىڭ زىيارەت قىلىش نىزامى»دىكى بەلگىلىمىگە ئاساسەن، چەت ئەللىك مۇخبىرلار جۇڭگو قانۇنىغا بويسۇنغان، مۇناسىۋەتلىك رەسمىيەتلەرنى ئۆتىگەن ئالدىنقى شەرت ئاستىدا، شىنجاڭغا بېرىپ زىيارەت قىلسا تامامەن بولىدۇ. جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ چەت ئەللىك مۇخبىرلارنىڭ شىنجاڭغا بېرىپ زىيارەت قىلىشىغا رۇخسەت قىلماسلىق ئەھۋالى مەۋجۇت ئەمەس.

◆ 2018 - يىلىنىڭ ئاخىرىدىن بۇيان، جەمئىي 100 نەچچە دۆلەت، ئۆمەك - گۇرۇپپىدىكى خەلقئارا تەشكىلات ئەمەلدارلىرى، دىپلوماتىيە ئەمەلدارلىرى، تاراتقۇ مۇخبىرلىرى، دىنىي داھىيلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان 1200دىن ئارتۇق كىشى شىنجاڭنى زىيارەت قىلدى.

◆ 2019 - يىلى 9 - ئاينىڭ 3 - كۈنىدىن 7 - كۈنىگىچە، ئامېرىكا مەملىكەتلىك رادىيو شىركىتى (NBC)نىڭ مۇخبىرى شىنجاڭغا كېلىپ زىيارەت قىلىپ خەۋەر بەردى.

◆ 2020 - يىلى 12 - ئايدا، ئەنگلىيە رادىيو شىركىتى (BBC)نىڭ مۇخبىرى شىنجاڭدىكى كوچا قاتارلىق جايلارغا بېرىپ زىيارەت قىلىپ خەۋەر بەردى.

**يالغان - ياۋىداق سۆز 20:** بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى كىشىلىك ھوقۇق ئىشلىرى ئالىي خاس خادىمىنىڭ شىنجاڭنى زىيارەت قىلىشى چەكلىمىگە ئۇچرايدۇ.

**پاكىت، ھەقىقىي ئەھۋال:**

◆ جۇڭگو تەرەپ بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى كىشىلىك ھوقۇق ئىشلىرى ئالىي خاس خادىمى باچلېتنىڭ جۇڭگوغا زىيارەتكە كېلىشى ھەم شىنجاڭنى ئېكسكۇرسىيە، زىيارەت قىلىشىنى قارشى ئالىدۇ، ھەممە ئىنچىل بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى تەرەپ بىلەن قويۇق ئالاقىنى ساقلاپ كېلىۋاتىدۇ.

**يالغان - ياۋىداق سۆز 21:** شىنجاڭ ئىسلام دىنىنى باستۇردى، دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكىنى بوغدى.

**پاكىت، ھەقىقىي ئەھۋال:**

◆ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكىگە ھۆرمەت قىلىش ۋە ئۇنى قوغداش جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇزاق مۇددەت چىڭ تۇرۇپ كەلگەن بىر تۈرلۈك ئاساسىي سىياسىتى. «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئاساسىي قانۇنى»نىڭ 36 - ماددىسىدا: جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ پۇقرالىرى دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكىگە ئىگە، دەپ بەلگىلەنگەن. دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى توغرىسىدىكى ئاساسىي قانۇن پرىنسىپى شىنجاڭدا ئومۇميۈزلۈك ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى، شىنجاڭ پۇقرالىرىنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى ھوقۇق - مەنپەئىتى تولۇق كاپالەتلەندۈرۈلدى، دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان پۇقرالارنىڭ دىنىي ھېسسىياتى، ئېتىقاد ئېھتىياجى، شۇنداقلا ئۆرپ - ئادىتىگە تولۇق ھۆرمەت قىلىندى، قانۇنلۇق دىنىي پائالىيەتلەر قانۇن كاپالىتىگە ئىگە قىلىندى، دىنىي مەدەنىيەت مىراسلىرى ئۈنۈملۈك قوغدالدى.

◆ شىنجاڭ خەنزۇچە، ئۇيغۇرچە، قازاقچە، قىرغىزچە قاتارلىق تۆت خىل يېزىقتا «قۇرئان» «سەھىھۇل بۇخارى ھەدىسلىرىدىن جەۋھەرلەر» قاتارلىق دىنىي كلاسسىك كىتابلارنى تەرجىمە قىلىپ نەشر قىلىپ، دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ھەر مىللەت ئاممىنىڭ دىنىي بىلىم ئېلىشىغا قولايلىق يارىتىپ بەردى.

◆ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ھۆكۈمەت 1996 - يىلدىن بۇيان، 2020 - يىلى يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمى سەۋەبىدىن ئەمەلدىن قالدۇرغاندىن باشقا، ھەر يىلى ھۆددە ئايروپىلان ئورۇنلاشتۇرۇپ ھەم چېگرادىن چىقىش - كىرىش، داۋالىنىش، يېمەك - ئىچمەك قاتارلىق جەھەتلەردە يۇقىرى سۈپەتلىك مۇلازىمەت بىلەن تەمىنلەپ، ھەج قىلىش پائالىيىتىنىڭ بىخەتەر، تەرتىپلىك بولۇشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپ، شۇ جايدىكى شارائىتى بار ھەر مىللەت مۇسۇلمانلارنىڭ ھەج قىلىش پائالىيىتىنى ئوڭۇشلۇق تاماملىشىغا كاپالەتلىك قىلدى.

**يالغان - ياۋىداق سۆز 22:** شىنجاڭ مەسچىتلەرنى كەڭ كۆلەمدە چاقتى.

**پاكىت، ھەقىقىي ئەھۋال:**

◆ شىنجاڭدىكى مەسچىتلەرنىڭ سانى دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىنىڭ نورمال دىنىي ئېھتىياجىنى تامامەن قاندۇرالايدۇ. شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەر يەنە مەسچىتلەرنىڭ ئاممىۋى مۇلازىمەت شارائىتىنى سىجىل ياخشىلىدى، ھۆكۈمەت مەبلەغ چىقىرىپ «يەتتىنى كىرگۈزۈش، ئىككى بار بولۇش» (سۇ، توك، يول، گاز، خەۋەرلىشىش، رادىيو - تېلېۋىزىيە، مەدەنىيەت - كىتاب ئۆيىنى مەسچىتكە كىرگۈزۈش، جۈمە مەسچىتىدە تەرەت ئېلىش ئەسلىھەسى بولۇش، تۇرۇبىلىق ھاجەتخانا بولۇش)، «توققۇزنى سەپلەش»(تېببىي دورا مۇلازىمىتى، ئېلېكترونلۇق ئېكران، كومپيۇتېر، شامالدۇرغۇچ ياكى ھاۋا تەڭشىگۈچ، ئوت مۇداپىئە ئەسلىھەسى، تەبىئىي گاز، ئىچىدىغان سۇ ئۈسكۈنىسى، ئاياغ قاپلىمىسى ياكى ئاياغ قاپلاش ماشىنىسى، نەرسە ساقلاش ئىشكاپىنى سەپلەش)نى يولغا قويۇپ، كەڭ دىنىي ساھەدىكى زاتلار ۋە دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىنىڭ چوڭقۇر قارشى ئېلىشىغا ئېرىشتى.

**يالغان - ياۋىداق سۆز 23:** شىنجاڭ دىنىي زاتلارغا «زىيانكەشلىك قىلدى».

**پاكىت، ھەقىقىي ئەھۋال:**

◆ شىنجاڭ دىنىي خادىملارنى يېتىشتۈرۈش، تەربىيەلەشنى كۈچەيتتى، ھازىر ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام دىنى شۆيۈەنى ھەم قەشقەر، خوتەن، ئىلى قاتارلىق جايلاردىكى سەككىز شۆبە شۆيۈەن ۋە شىنجاڭ ئىسلام دىنى مەكتىپىدىن ئىبارەت ئون دىنىي مەكتەپ بار، ھەر يىلى بەلگىلىك ساندا تولۇق كۇرس، ئالىي تېخنىكوم، ئوتتۇرا تېخنىكوم ئوقۇغۇچىلىرىنى قوبۇل قىلىدۇ، مەكتەپ باشقۇرۇش كۆلىمى 3000 ئادەمدىن ئاشىدۇ.

**يالغان - ياۋىداق سۆز 24:** شىنجاڭ مۇسۇلمانلارنىڭ روزا تۇتۇشىنى مەنئى قىلدى.

**پاكىت، ھەقىقىي ئەھۋال:**

◆ شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت مۇسۇلمانلار دىنىي ئەقىدە، دىنىي قائىدە ۋە ئەنئەنىۋى ئۆرپ - ئادەت بويىچە، مەسچىت ۋە ئۆز ئۆيىدە ئېلىپ بارغان روزا تۇتۇش، ئۆتكۈزگەن ئىسلام دىنى بايراملىرى قاتارلىق نورمال دىنىي پائالىيەتلىرىنىڭ ھەممىسى پۈتۈنلەي ئۆز ئارزۇسى بويىچە ئېلىپ بېرىلىدۇ، ئەزەلدىن ھېچكىم ئارىلاشمىدى، شۇنداقلا ھېچقانداق چەكلىمىگە ئۇچراپ باقمىدى.

◆ ھەر يىلى روزا ئېيى مەزگىلىدە، مۇسۇلمان ئاممىنىڭ روزا تۇتۇش ياكى روزا تۇتماسلىقى پۈتۈنلەي شەخسنىڭ ئەركىنلىكى. شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەر روزا ھېيت قاتارلىق بايراملاردا بازار تەمىناتى ھەم دىنىي پائالىيەتلەرنىڭ بىخەتەرلىكىگە پۈتۈن كۈچى بىلەن كاپالەتلىك قىلدى.

**(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 2 - ئاينىڭ 4 - كۈنى تېلېگراممىسى)**